## 79190 ـ تائامنىڭ قالدۇقلىرى مەقسەتسىز گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

### سۇئال

سۇھۇرلۇق يەپ بولغاندىن كېيىن چىشىمغا تۆزگۈچ قويىمەن، چىشىمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن بەزى تاماق قالدۇقلىرىنىڭ تۆزگۈچكە ئىلىنىشىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلماپتىمەن، بىر پارچىنى چىقاردىم يەنە بىر پارچىسى گىلىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىمەنمۇ ياكى قازاسىنى قىلمىساممۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان مۇسۇلمان كىشى كېچىدە چىشنى تازىلىۋېتىشى كېرەك، بەزى ۋاقىتتا چىشقا ياكى چىشنىڭ ئارىسىغا تاماق قالدۇقلىرى كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، چىشنىڭ ئارىلىقىدىكى تاماق قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋېتىش ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنى يۇتۇۋەتسە، ئۇ ۋاقىتتا قەستەن ئېغىز ئاچقان بولىدۇ. ئەمما ئىختىيارسىز كانىيىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشكە مۇمكىن بولمىسا ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. يەنى ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ شافىئى مەزھەب ئالىملىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: چىشنىڭ ئارىسىدا تاماق قالدۇقلىرى بولسا، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئېغىزىنى تازىلاپ ئۇنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە چىشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى قەستەن يۇتۇۋەتسە بىزنىڭ قارىشىمىزدا بىردەك ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يۈسۈپ قاتارلىق ئالىملارمۇ شۇنداق دېگەن.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا ئۇ كىشىنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىلىمىز: ئۇ كىشى ساقلىنىش مۇمكىن بولغان، يۇتۇۋېتىشكە ئېھتىياجلىق بولمىغان بىر نەرسىنى يۇتۇۋەتتى، خۇددى بۇ چىشنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىنى چىقىرىپ قولىغا ئېلىپ ئاندىن يېتىۋەتكەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

ئەمما ئىختىيارسىز تۈكۈرۈكنى يۇتۇش بىلەن كانىيىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، شافىئى مەزھەب ئۆلىمالىرى بۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىلەر روزىسى بۇزۇلىدۇ دېدى يەنە بەزىلەر روزىسى بۇزۇلمايدۇ دېدى. توغرىسى بۇ ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلىمالار ئىككى خىل ھالەتتە: "روزىسى بۇزۇلمايدۇ" دېگەنلەر: ئۇ كىشى تاماق قالدۇقىنى تۈكۈرۈكنىڭ ئارىسىدىن

ئايرىيالماي يۇتۇۋەتتى دەيدۇ، "روزىسى بۇزۇلىدۇ" دېگەنلەر: تاماق قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولسا چىقىرىۋېتەلەيتتى، ئەمما چىقىرىۋەتمەي يۇتۇۋەتتى دەيدۇ. ["ئەل مەجمۇ" 6-توم 317-بەت].

78438 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئېيتىل سۆزلەرنى بايان قىلغان.

يەنە 22981ـنومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدىمۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ روزىسىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللارنى بىلىشتىكى پايدىلىق قائىدىلەر بايان قىلىنغان.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.